مىللىتىمىز تۈرك دىنىمىز ئىسلام
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان



1993 - يىل 12 - ئاي (7 - سان)

AYLIK SIYASI GAZETE

# شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى

ئايلىق سىياسىي گېزىت

Doğu Türkistan Gençleri

## ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىننىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ئۇچۇق خېتى

شەرقىي تۈركىستان ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ۋەتەنداشلىرىمغا چىن قەلبىمدىن سۆيگۈ ۋە ھۆرمەتلىرىمنى تەقدىم قىلىمەن. جانابى ئاللاھتىن ئىزىز يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئىستىقلال تىلەيمەن. ھەممىڭلارغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە خىزمەتلىرىڭلارغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

مەن 70 يىلدىن بېرى ھارماي-تالماي ۋە قەتئىي تەۋرەنمەستىن شۇندا قىلا ئۆزگەرمەي، خىتايلارنىڭ، ئىستالىنچىلارنىڭ يالغانلىرىغا ئالدانماي ۋە ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشمەي ھەمدە پۇل، مەنسەپ ئۈچۈن يۇرتۇمنى ساتماي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي ئىستىلاسىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىپ كەلگەن سادىق، ۋاپادار بىر مىللىي خىزمەتچىڭلارمەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۈگۈن، ھەر بىرىڭلارغا ئۆز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم دەپ بىلگەن بىر نەچچە مەسىلىنى ئاڭلاتماقچى بولۇپ بۇ ئۇچۇق خەتنى سۇندۇم.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسىي داۋاسى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ، پات ئارىدا خىتاي ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىستىقلالغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

خىتاي ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىستىقلالغا ئېرىشىش كۆرىشى، بۈگۈنكى مەسىلە ئەمەس. بۇ مەسىلە 200 يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مىللىي مەسىلىدۇر. خەلقىمىز بۇ ئۇزۇن تارىخى جەرياندا، خىتايلارغا قارشى ئىنقىلاپ قىلىپ، زور قۇربان بېرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، يۈزمىڭلارچە قېرىنداشلىرىمىز قان تۆكتى. خەلقىمىز ئەزەلدىن خىتايلارنى سۆيمەيدۇ، ئاسارەت ئىچىدە ياشاشنى خالىمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا خىتايلاردا: «شىنجاڭدا 3 يىلدا بىر كىچىك ئىنقىلاپ، 30 يىلدا بىر چوڭ ئىنقىلاپ» دېگەن بىر سۆز بار. دېمەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقى تارىختىن بۇيان خىتايلارغا قارشى ئىنقىلاپ قىلىپ كەلدى. (داۋامى 3 - بەتتە)

## ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلەرئارا ئىتتىپاقىنىڭ 2-قېتىملىق قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك ئېچىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتلەرئارا ئىتتىپاقى» نىڭ 2 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى، 1993- يىل 12-ئاينىڭ 18- كۈنى قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتا شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە مىللىي مۇستەقىللىقنى شوئار قىلغان بۇ قېتىمقى تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە قۇرۇلتايغا، ئىتتىپاقنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئەزالىرىدىن سايلاپ چىقىلغان 400 نەپەر رەسمىي ۋەكىل، ئاممىۋى كىشىلەر ۋە سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلاردىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. (داۋامى 2 - بەتتە)

## سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋەتەنداشلار ئامانتايغا ئالتۇن قىلىچ تەقدىم قىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 12- ئاينىڭ 11- كۈنى، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز جىددە شەھىرىدىكى مىننەتدارلىق زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، ئەرەبىستانغا ئۆمرەھاجى قىلىش ئۈچۈن كەلگەن قازاقىستان «ئالغا» پارتىيىسىنىڭ رەئىسى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ سەممىمىي، سادىق دوستى ۋە سەبدىشى ئامانتاي ئاسىلبېكىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. (داۋامى 4 - بەتتە)



## مايكىل ئەپەندى ئىستانبۇلدا

ئۆز خەۋىرىمىز: «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» نىڭ باش كاتىۋى، دالاي لامانىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى، «تىبەت - شەرقىي تۈركىستان - ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى» نىڭ باش مەسلىھەتچىسى مايكىل ئەپەندى، 93 - يىل 12-ئاينىڭ ئاخىرى خانىمى بىلەن تۈركىيىگە زىيارەتكە كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىستانبۇلدىكى ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى يوقلىدى.



مايكىل ئەپەندى، ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلىپ، مەشھۇر مۇجاھىد ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۆرىشىگە قوشقان غايەت زور تۆھپىسىگە يۇقۇرى باھا بەردى ھەمدە، ئەيسا ئەپەندىمنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىدىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەلبىدە، لىدەرلىك ۋە ئۇلۇق شەخسلىك سالاھىيىتىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ([illegible] - بەتتە)

## چىن تارىمنى ئېچىشنى جىددىيلەشتۈردى

چىننىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىي گېزىتى «خەلق گېزىتى» نىڭ 93 - يىل 12- ئاينىڭ 18- كۈنىدىكى سانىغا، «تارىم نېفىتلىكىنى ئېچىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، چىن بانكىسى 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇل ئاجراتتى» دېگەن تېمىدا ماقالە بېسىلدى. بۇ ماقالىنىڭ ئەينەن تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە: (داۋامى 4 - بەتتە)



塔里木石油勘探开发步伐加快

中国银行支持贷款五亿美元


西部战略

挺起脊梁

——塔里木盆地石油

لقوة الايمان في سائر الدول العربية والاسلامية وبيوت المال
والتجار، نناشدكم باسم الاخوة الاسلامية الغالية ان تحذروا
في تعاملكم مع الصين الشعبية والوطنية بغمط حقوق المواطنين
في الله في تركستان الشرقية (سنكيانغ) الذين يعانون الامرين
[illegible]
(الايغوريون)

we worn the international companies which they made contracts with the Republican of China to search for petrol and minerals and all other national resources in Synkying which is the independent area in the west of China. Not to be involve with the Republic of China or the National China in dealing with these Governments to steal and west our national resources in the Area. We announce that these deals and contracts are not legal, until we get our right on our freedom country.
(Alourgorion-



ئۆز خەۋەرچىمىز: «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي بىرلىكى» نىڭ رەئىسى، مەشھۇر سىياسىي پائالىيەتچىمىز ئەركىن ئالپ تېكىن، 11-ئاينىڭ 14-كۈنى گوللاندىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مەخسۇس شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىدىغان يۇمىلاق شىرە يىغىنى»غا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى دوكتور فىرانك پىكى، دۇنياكە چۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى ۋىللىيام ئوفغىبىۇرۇگ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» نىڭ باشكاتىپى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ سادىق دوستى مىخائىل. ۋان. ۋولت قاتارلىق مەشھۇر زاتلار ئىشتىراك قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا، چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئادالەتسىزلىكلىرى ئاجايىپ چىلىنغى ھەققىدە، مەخسۇس مۇزاكىرە يۈرگۈزۈلدى.

ئۆز خەۋەرچىمىز: گوللاندىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئەركىن ئالپ تېكىن رەئىسلىكىدىكى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» 93-يىل 11-ئاينىڭ ئالدىنقى ئىككى ھەپتىسى گوللاندىيىدە، «يەر شارى ئاۋازى - يەرلىك مىللەتلەر دۆلىتى» پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ يەرلىك مىللەتلەرگە بولغان دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاشتىن ئىبارەت. بۇ پائالىيەت، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 1993-يىل يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا چىقارغان قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى ھېسابلىنىدۇ.

سۈرەتلىك خەۋەر:
قازاقىستان «ئالغا» پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئامانتاي ئاسىلبېك ۋە قازاقىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق فرونتى» نىڭ رەئىسى يۈسۈپبەگ مۇخلىس بىرلىكتە بىر قىسىم ئەمەلدارلار باشلاپ موسكۋاغا بېرىپ، خىتاينىڭ موسكۋادىكى ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى.




## قىسقا خەۋەرلەر

ئۆز خەۋەرچىمىز: 1994-يىل 1-ئاينىڭ 16-كۈنى، مارماس ئىنقىلابچىمىز ۋە باتۇر قەدىرلىك ئەيسا يۈسۈپ ئالپ تېكىن، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ۋاكالىتەن، تۈركىيە ئىستانبۇلدىكى بەش مىڭ كىشىلىك ئاتاكۆي جامەسىدە، شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى ۋە دۇنيا تۈرك شېھىتلىرى مەۋلۇت كۈنى ئۆتكۈزمەكچى. بۇ مەۋلۇت كۈنىدە، ئۆز يۇرتلىرىدا مادىي ۋە مەنىۋى زۇلۇملارغا بەرداشلىق بېرەلمەي شېھىت بولغان، مىللىي زۇلۇم ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۆرەشلەردە شېھىت بولغان، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ۋە ۋەتەن قوغداش يولىدا شېھىت بولغان، ۋەتەننىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە تاشقى دۈشمەنگە قارشى كۆرەشلەردە شېھىت بولغان شەرقىي تۈركىستان، تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان، ئەزەربەيجان، قىبرىس، ئافغانىستان، قىرىم، تاتارىستان، كافكاسىيە، كېركۈك، بوسنا - ھېرسېك، سانجاك، كوسوۋا، غەربىي تىراكىيا، بۇلغارىستان تۈركلىرى شېھىتلىرى، جۈملىدىن، پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرى شېھىتلىرى خاتىرىلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى خەۋەرنىڭ تەپسىلاتىنى، گېزىتىمىزنىڭ 4-سانىدىن كۆرگەيسىز.

ئۆز خەۋەرچىمىز: گېرمانىيىنىڭ پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرى دوكتور بويتىچ، 93-يىل 11-ئاينىڭ 24-كۈنى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي بىرلىكى» گە يازغان، چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ھەققىدىكى مۇراجىئەتنامىسىغا جاۋاب قايتۇردى.

دوكتور بويتىچ «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي بىرلىكى» گە يازغان خېتىدە، مۇنداق دەيدۇ: «بىز سىلەر ئەۋەتكەن چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ناھايىتى خۇشال بولدۇق. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى، بىزنىڭ پۈتۈنلەي ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى».

ئۇ جاۋاب خېتىدە يەنە، گېرمانىيە پىرېزىدېنتى كول يېقىندا چىنگە زىيارەت قىلغاندا، چىن تەرەپ رەھبەرلىرى بىلەن قىلىدىغان سۆزلىشىشتە، مۇشۇ تېمىنى ئاساسىي سۆزلىشىش تېمىسى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي بىرلىكى» گە كاپالەت بەردى. «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي بىرلىكى» مۇ، گېرمانىيە پىرېزىدېنتى كول ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ چىنگە زىيارەتكە بارىدىغان مىنىستىرلار ۋە كارخانىچىلارغا خەت يېزىپ، ئۇلاردىن، چىن رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، چىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئاياغ ئاستى قىلىنىشى ھەققىدە سۈرۈشتۈرۈلمە قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئۆز خەۋەرچىمىز: «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي بىرلىكى» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمىكى، 93-يىل 11-ئاينىڭ 11-كۈنى، گېرمانىيىنىڭ مىيونخېن شەھىرىدە، ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. تۈركىيە ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بۇ قېتىمقى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىگە، تۈركىيە، گېرمانىيە، گرېتسىيە، ئىسپانىيە، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمەكلىرى قاتناشتى. بۇ كېچىلىكتە، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي بىرلىكى» ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان مول بەدىئىي ئىنقىلابىي ۋە سىياسىي مەزمۇنلۇق ناخشا، سەنئەت نومۇرلىرى، چەتئەللىك تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئادەم سانى ئاز، ئەمما ئەترىي كۈچلۈك بولغان بۇ سەنئەت ئۆمىكى، بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سەھنىلىرىدە، خىتايلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ ئازادلىق ئەنئەنىلىرىنى تونۇتۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا بەلگىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە.